# سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تاغلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، سۈزۈك سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى دائىم ساپ بولغان گۈزەل جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ كۆلىمى تەخمىنەن 320 مو كېلىدىغان كەڭ كەتكەن يەر بولۇپ، ئەسلىدە كىچىك تىپتىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى توپلاشقان سانائەت چوڭ ھويلىسى ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېقىپ ـ كۆچۈرۈپ بوشىتىش ۋە مۇھىتنى تۈزەش ئارقىلىق، بۇ يەردە ئۆسۈملۈك مەنزىرىسى ئاساس قىلىنغان شەھەر ئورمان باغچىسى بەرپا قىلىپ، ئاممىنىڭ دەم ئېلىش، ئىستىراھەت، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش پىلانلىنىۋېتىپتۇ.

شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا، گۈرجەكنى ئېلىپ كۆچەت تىكىش نۇقتىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە كۆچەت تىكىۋاتقان كادىرلار ۋە ئامما باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەس ـ بەستە باش شۇجىدىن قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە قول ئىشارىسى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى، ئارقىدىن بېيجىڭ شەھىرى، دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە پايتەختتىكى كادىرلار، ئامما بىلەن بىللە ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

گۈرجەكتە توپا ئۇسۇش، كۆچەتكە توپا يۆلەپ قىر چىقىرىش، سۇ ئەكېلىپ سۇغىرىش... شى جىنپىڭ كەينى ـ كەينىدىن يۇۋسۇڭ، گوخۇەي، شىگمېي، يۈەنباۋفېڭ، شىفۇخەيتاڭ، جىنىنمۇ، خۇگرۇيمۇ كۆچەتلىرىنى تىكتى. ئىللىق باھار شامىلىدا، رەت ـ رەت كۆچەتلەر گىرەلشىپ، چىرايلىق چېچەكلەر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، يېڭى چىققان يوپۇرماقلار ئىنتايىن پاكىز كۆرۈنەتتى. كۆچەت تىكىش نەق مەيدانىدا ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. ئەمگەككە قاتناشقان رەھبىرىي يولداشلار كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە توپا يۆلىدى، سۇغاردى، كەيپىيات قىزغىن بولدى.

كۆچەت تىكىش مەزگىلىدە، شى جىنپىڭ نەق مەيداندىكى كادىرلار ۋە ئامما بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگودا ئەزەلدىن تارتىپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىدىغان ئېسىل ئادەت بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتۇق. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى «بەشنى بىرگەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈلدى، يېشىللىقنى سۆيۈش، يېشىللىق بەرپا قىلىش، يېشىللىقنى قوغداش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئورتاق تونۇشى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپلا قالماي، يەنە ھازىر دۇنيادا ئاكتىپ، كەڭ تەسىر پەيدا قىلماقتا. بىز پۈتۈن مەملىكەتنى سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇمىي خەلق قول سېلىپ ئىشلەش، پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق قاتنىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئورمان بايلىقىنىڭ ئۇدا ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇملىشىپ كەتكەن، چۆللىشىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز ئازايتىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، يەر شارى ئېكولوگىيەسىنى تۈزەشكە تۈرتكە بولۇشقا مۇھىم تۆھپە قوشتۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سوتسىيالىزم خەلق ئاممىسى خوجايىن بولۇش دېگەنلىكتۇر، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم نامايەندىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق بايلىقى. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىلمىي پىلانلاپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈل ـ گىياھ، قىممەتلىك دەل ـ دەرەخلەرنى قوغلىشىشقا بېرىلىپ كەتمەي، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن كۆچەت تىكىش، ئاممىغا بەخت يارىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشىشىدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئومۇمىي خەلق مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشنى قانات يايدۇرۇش دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى تارقىتىشتىكى مۇھىم ۋاستە. كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئورمانلارنى قوغداش يېشىغا يەتكەن ھەربىر پۇقرانىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك قانۇنىي مەجبۇرىيىتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇش، پۈتۈن جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم قول سېلىپ ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاش، ھازىردىن باشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، بىرلىكتە ۋەتىنىمىز زېمىنىنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشكە بىر كىشىلىك كۈچ قوشۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ كۆچەت تىكىشكە قاتناشقان مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرىغا مۇنداق دېدى: مەھەللىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور، نۆۋەتتىكى ۋەزىپە يەنىلا ناھايىتى مۈشكۈل. ھازىر ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېزلىتىلدى، لېكىن يەنىلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، تارقىلىشنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلار مەھەللىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى قاتارلىقلار كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىدەك ياخشى ھالەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى جاسارەت بىلەن ئورۇنداش كېرەك. ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پۇختا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم بولغان ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلاش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پايدىنى قويۇپ بېرىش كېرەك. ئىسلاھات ۋە ماكرولۇق سىياسەتنىڭ قوش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سىياسەت بىلەن تەمىنلەش ۋە ئامىل كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى يېتەكچى قىلىشنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىش كېرەك. تۈر قۇرۇلۇشىدا خوتىنى يۆتكەپ سۈرئەتنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى دۆلەت نۇقتىلىق قوللايدىغان ئاممىۋى سەھىيە، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالىتى، خەۋەرلىشىش، قاتناش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قورغاننىڭ ئۆلىنى پۇختىلاپ، تۈۋرۈك ـ لىم تىكلەپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى يۇقىرى ئۈنۈمدە ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىدىغان كەسىپلەر، كەلگۈسى كەسىپلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس تەييارلاش»تەك ياخشى ئايلىنىشنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىگە ۋە ئۇسكا ئېسىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نازارەت بىلەن جەڭنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەي، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارغا ياردەم بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىش، چارۋىلارنى ئەتىياز پەسىللىك يۆتكەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش تۆۋەن چېكىنى قاتتىق ساقلاش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزنىڭ ئۆزىمۇ بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغدىغانلىق ـــ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق دېگەندە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك. ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ زور تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ساياھەت كەسپىنى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان خەلقنى بېيىتىدىغان، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان كەسىپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشكە ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

---

ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىدا مۇنداق تەلەپ قىلىندى

## قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 9 ـ قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، مەخسۇس كۈرەشنىڭ ئىككى يىللىق نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى خۇلاسىلەپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئۈچىنچى يىللىق خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەخسۇس كۈرەشتە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىق ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلدى، كاپالەتلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ئۈچ يىللىق نىشانى تاماملىنىدىغان يىل، شىنجاڭ دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت، تارىخىي ئورنى، دەۋر تەلىپى، رېئال ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، جەزمەن مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، ئىرادە ئۆزگەرمەسلىك، مەسئۇلىيەت ئۆزگەرمەسلىك، سالماق ئۆزگەرمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىش ۋە ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى قوغداش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھۇجۇمنى كېمەيتمەسلىك، سالماقنى تۆۋەنلەتمەسلىك، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى تەڭ قوللىنىش، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەشنى ساقلاپ، تىرىشىپ چوڭقۇر قېزىپ تۈزەشتە نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك دائىملىق تۈزەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بېنياك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇدرەتلىك سىياسىي رەھبەرلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنى يۇقۇمنى تېز، ئۈنۈملۈك توسۇشقا يېتەكلىدى، لائوس تەرەپ بۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، دۇنيادىكى 200دىن ئارتۇق پارتىيە بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئورتاق مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى، جۇڭگو تەرەپ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېھتىياجلىق دۆلەتلەرنى قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن ئاكتىپ تەمىنلەپ، مەسئۇلىيەتچان چوڭ پارتىيە ۋە چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. لائوس تەرەپ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ لائوستىكى يۇقۇم ئەھۋالىغا ئۆزى بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن دەل ۋاقتىدا بەھرىلەندۈرگەنلىكىگە، تېز سۈرئەتتە لائوس تەرەپكە داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەنلىكى ۋە داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىدۇ، بۇ، لائوس ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپنىڭ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك چوڭقۇر دوستلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. لائوس تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، لائوس ـ جۇڭگو تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ھەرىكەت پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدا يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى نامىبىيە زۇڭتۇڭى گېينگوب بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىشى، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق چوڭ سىناق بولدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئىككى ئايدىن كۆپرەك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلاندى. جۇڭگو خەلقى غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋە قۇربان بېرىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشى ئۈچۈن ئىشەنچ ئاتا قىلدى، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈردى، ئىزدىنىپ تەجرىبە ھاسىل قىلدى. بۇ مەيدان يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە كىرىزىسى ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەت پەقەت ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشسا، ئاندىن يۇقۇم ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا، مەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، بولۇپمۇ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى ئاجىز بولغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قول تۇتۇشۇپ ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلدىم.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ئەڭ قىيىن بولغان مەزگىلدە، ئافرىقا دۆلەتلىرى جۇڭگونى ئاز بولمىغان قىممەتلىك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى، بىز بۇنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايمىز. مەن ئافرىقىنىڭ ھازىرقى يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن. جۇڭگو تەرەپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پائال تۈردە ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، مۇتەخەسسىسلەرنى سىن يىغىنى ئارقىلىق تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللىدى، جۇڭگو كارخانىلىرى ۋە ئەلئارا ئاپپاراتلارمۇ بەس ـ بەستە ئافرىقا دۆلەتلىرىگە ياردەم قولىنى سۇندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ جانلىق كارتىنىسى. جۇڭگو تەرەپ سالماقنى داۋاملىق زورايتىپ، نامىبىيە قاتارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياردىمى بىلەن تەمىنلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىدىن بەھرىلەندۈرۈپ، سەھىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو بىلەن نامىبىيە ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ دوستلۇقى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. جۇڭگو تەرەپ نامىبىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، بۇ يىل ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، داۋاملىق ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـ نامىبىيە، جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

گېينگوب مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو خەلقىنى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئاجايىپ رەھبەرلىك كۈچىنى نامايان قىلدى، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۈكسەك تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان 500دىن ئارتۇق نامىبىيەلىك ئوقۇغۇچى ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋاتىدۇ. نامىبىيە ۋە ئافرىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى دەل ۋاقتىدا قىممەتلىك ياردەم ۋە مەدەت بىلەن تەمىنلىدى، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. نامىبىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن، دوستانە، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە. نامىبىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھۆكۈمەت، پارتىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك ئېلىپ، نامىبىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.